ISTIQLAL

ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

مارت 2023 (ئومۇمىي 32 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر




# ئالدىنقى نىشان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى



Istiqlal TV



# تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى
## مالايشىيا پارلامېنتىدا مۇھىم ئۇچرىشىشلاردا بولدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتىنىڭ 25-فېۋرالدىن تارتىپ باشلانغان مالايشىيا زىيارىتى داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ھەيئەت 28-فېۋرال مالايشىيا ۋە خەلقئارادا ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىۋاتقان «ACCN» نىڭ رەئىسى دوكتور ھاجى جامالىدىن، سىرىلانكىلىق يېشىل فوندىنىڭ رەئىسى دوكتور سۇئاد ۋە خەلقئارا بەيتۇل مۇقەددەس ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى دوكتور شەرىف ۋە دوكتور ئەيمەن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە مالايشىيادا قىلىنماقچى بولغان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى خىزمەتلىرىدە ھەمكارلىشىش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ئارقىدىن ھەيئەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى ئىسلام ئەقىدىسىنى تارقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەشلەر تەسۋىرلەنگەن «IMAM» ناملىق فىلىمنىڭ تۇنجى قويۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمدا مالايشىيادىكى ئەقىل ئامبىرى مۇتەخەسسىسلىرى، مىنىستىرلار، ئاكادېمىكلار، داڭلىق شەخسلەر، ژۇرنالىستلار، داڭلىق سەنئەتكارلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئەمەلىي قوللاشقا چاقىردى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيادىكى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر تەشكىلاتى «Generasi My»نىڭ رەئىسى ۋە مۇدىرىيەت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئورتاق قىلىنماقچى بولغان خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت 2-مارت مالايشىيا سېلانگور ۋىلايىتىنىڭ دىنىي ئىشلار رەئىسى ئىشخانىسىدا زىيارەتتە بولدى. ھەيئەت زىيارەت داۋامىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى بايان قىلدى ۋە دىنىي ئىشلار رەئىسىدىن مالايشىيانىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ب د ت قاتارلىقلار خەلقئارالىق مۇنبەر ۋە يىغىنلاردا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا پارلامېنتىدا «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» قۇرۇش پىلانى بويىچە، ئىلگىرىكى زىيارەتلىرىدە ئورناتقان مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. بۇنىڭ جۈملىسىدىن مالايشىيا بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ئىچىدە بولغان ئاماناھ نېگارا پارتىيەسى ئەزاسى ئازىل يۈسۈف ۋە پارتىيە باش كاتىپى نۇر ھاياتى، مالايشىيا دېموكراتىك ھەرىكەت پارتىيەسىدىن شاھرىزان جوھان قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەttىكى ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇردى ۋە مالايشىيا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

شۇنداقلا ھەيئەت يەنە مالايشىيانىڭ ئاياللار، ئائىلە ۋە تەرەققىياتقا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ئەيمەن ئەتھىرا خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تەييارلىغان دوكلاتنى سۇندى ۋە نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ۋە ئاياللارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا مائارىپ مىنىستىرى فادھلىنا سىدىك بىلەن كۆرۈشتى ۋە مائارىپ مىنىستىرىغىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان دوكلاتنى سۇندى. ئۇندىن باشقا مىنىستىردىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ۋە مالايشىيا پارلامېنتىدا قۇرۇلماقچى بولغان ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنى قوللاشنى تەلەپ قىلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا پارلامېنتى رەئىسى باش كاتىپى ئابدۇلھادى خالىد بىلەن كۆرۈشتى ۋە پارلامېنتتا «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇش» مەسىلىسى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.

ھەيئەت پارلامېنتتىكى زىيارەتلىرى داۋامىدا مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت ۋە ئۆكتىچى پارتىيەلەر، پارلامېنت ئەزالىرى، سابىق ۋە يېڭى مىنىستىرلار، مۇھىم سىياسىي ئەربابلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئەتى بىر ھەپتىدىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان مالايشىيا زىيارىتى جەريانىدا مالايشىيادىكى ھەرقايسى سىياسىي پارتىيە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى جىددىي كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن تارىخىي بىر قەدەم تاشلاندى.

تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى» رەسمىي قۇرۇلغان بولۇپ، 3-مارت مالايشىيا پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا مالايشىيادىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئالىملار، ئاكادېمىكلار، ئاخبارات ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سىياسىي پارتىيە ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئۇزۇندىن بۇيان مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيەنى ئاساس قىلغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلات ۋە سىياسىي پارتىيەلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەمكارلىشىپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مالايشىيادا ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان بويىچە خەلق دىپلوماتىيەسى پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئالاقە، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە ھەمكارلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ھەرىكەت قىلىپ كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر-مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئاساسىدا قۇرۇلغان تۇنجى تەشكىلات بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.




# خىتاي خوتەن ئايرودۇرۇمنىڭ نامىنى ئۆزگەرتتى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، كۆپلىگەن يەر ناملىرىنى ۋە تۈرلۈك ئورۇنلارنىڭ ناملىرىنى ھەر خىل باھانە بىلەن ئۆزگەرتمەكتە.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 28-فېۋرال خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى

يېقىندا خوتەن ئايرودۇرۇمىنىڭ نامىنى «خوتەن كۇنگاڭ ئايرودۇرۇمى» دەپ ئۆزگەرتكەن بولۇپ، خىتاي خەۋەرلىرىدە يەنە قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ئايرودۇرۇملارنىڭ ناملىرىنىڭمۇ ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

خىتاي رېجىمىنىڭ خوتەن ئايرودۇرۇمىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش قىلمىشىنى يولluق كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن باھانىسى بولسا خوتەن ئايرودۇرۇمى 1931-يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى بىر قەدەر بالدۇر بولغاچقا، ئايرودۇرۇم مەخسۇس نامى كەم بولۇپ، ئاتالمىش «ترانسپورت ئايرودۇرۇمىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت بېرىش بەلگىلىمىسى»نىڭ 38-ماددىسىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى، ئاتالمىش خوتەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن كەڭ دائىرىدە بۇ ھەقتە «پىكىر ئالغاندىن» كېيىن، خوتەن ئايرودۇرۇمىنىڭ نامىنى كۇنگاڭ ئايرودۇرۇمىغا ئۆزگەرتكەنلىكى، «كۇنگاڭ» دېگەن نامنىڭ خىتاينىڭ جەنۇب ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «مىڭ سۆزلۈك دەستۇر»دىكى «قاشتېشى كۇنگاڭدىن چىقىدۇ» دېگەن شېئىردىن نەقىل ئېلىنغانلىقى، بۇنىڭ چوڭقۇر تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلغانلىقى دەۋا قىلىنغان.




ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە قىلغان سۆزىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2-مارت ب د ت دا «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ماقۇللانغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلغان. يىغىندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن سىنلىق نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇ نۇتقىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق

يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى قايتا تىلغا ئېلىپ، بۇ مەسىلىگە قاتتىق دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ بۇلتۇر ئاۋغۇست ئېيىدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلان قىلغان دوكلاتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ۋە جىنسىي زوراۋانلىق قىلىش قاتارلىق ئېغىر زىيانكەشلىك قىلمىشلىرىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ۋە بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك پاكىتلار ئارقىلىق ئىپكىتلىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بۇلتۇر باچېلېت ئىشخانىسى تەييارلاپ ئېلان قىلغان 48 بەتلىك دوكلاتتا: «خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان خالىغانچە ۋە كەمستىش خاراكتېرلىك تۇتۇپ تۇرۇش قىلمىشىنىڭ دەرىجىسى قانۇن ۋە سىياسەتكە ئاساسلانغاندا، شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئاساسىي ھوقۇقلارنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك چەكلىگەن ۋە مەھرۇم قىلغان ئەھۋال ئاستىدا خەلقئارالىق جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولۇشى، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ خۇلاسە قىلىنغانىدى.




يېقىندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان بىر سىندا بىر ئوقۇتقۇچى بىر قانچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن: «سىزنى ئەڭ ئازابلاۋاتقان ئىشلار نېمە؟» دەپ سورىغان بولۇپ، مەسۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى، ئاتا-ئانا ۋە تۇغقانلىرى ھايات تۇرۇپ ئايرىلغان بالىلارنىڭ كۆڭلۈكىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

3-مارت فېيسبۇكتا تارقالغان ئالتە مىنۇتلۇق بىر سىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئون نەچچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن «سىزنى ئەڭ ئازابلاۋاتقان ئىشلار نېمە؟» دەپ سورىغان.

ئوقۇغۇچىلار بۇ سوئالغا بىر بىرلەپ: «دادام قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟»، «تاغام قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟»، «نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم مېنى ئۇرۇپ تىللايدۇ؟»... دېگەندەك جاۋابلارنى بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى: «سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغان. بىر ئوقۇغۇچى: «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئوقۇتقۇچى قىزغا تەسەللىي بېرىپ: «بۇ مەسىلىنى كېيىنچە ھەل قىلايلى، بولامدۇ؟» دېگەن.

يەنە بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بولسا ئوخشاش سوئالغا: «دادام نېمە ئۈچۈن دائىم ئۆگىنىشكە بارىدۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى رېئال ۋەزىيىتىنى ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ قويغان جاۋابتىن بىئارام بولغان ۋە: «بىزمۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمىز، بىزمۇ تىرىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىمىز، شۇ سەۋەبلىك بىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىزمۇ ئوقۇشى كېرەك. ئوقۇشىمىز ياخشى بولسا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ بارغانچە ياخشىلىنىدۇ. بىرلىكتە تىرىشايلى بولامدۇ؟ دادىڭىز ئۆگىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا بەختلىك بولىدۇ، شۇنداققۇ؟» دەپ ئۇنى قايىل قىلماقچى بولغان.

بۇ سىنىنىڭ خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەرخىل يالغان-ياۋىداقلىرى بىلەن ئالداۋاتقان بىر پەيتتە، جازا لاگېرى ياكى تۈرمىلەرگە قامىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تېخىچە قويۇپ بەرمىگەنلىكىنى، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېخىچە تۇتقۇندا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.

كۆزەتكۈچىلەر خەلقئارا جەمئىيەت رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن پەيتتە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، ئومۇمىيۈزلۈك تۇتقۇن قىلىش، خىتاي ئۆلكىلىرىگە كۆچۈرۈپ، ئورنىغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش جىنايەتلىرىنى، تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قامالغان مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەن مەھبۇسلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆنتەرتىپتىن قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى، بۇ مەسىلىدە ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى قايتا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




## دوكلات: خىتاي ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكنى توختىتىشى كېرەك

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى كومىتېتى 6-مارت دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينى ۋىرۇس ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتنى ئاشكارىلاش، كۆمۈر يېقىلغۇلۇق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى دەرھال توختىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى توختىتىشقا چاقىردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر كومىتېت دوكلاتتا خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى توختىتىشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن بىر قاتار تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەزكۇر كومىتېت ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ئەھدىنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدىغان بولۇپ، 18 مۇستەقىل مۇتەخەسسىستىن تەشكىللەنگەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى كومىتېت ھېسابلىنىدۇ. كومىتېت ئېلان قىلغان دوكلاتتا خىتاي، كامبودژا، لىتۋانىيە، پاناما، پورتۇگالىيە ۋە يەمەن قاتارلىق ئالتە دۆلەت تىلغا ئېلىنغان.

دوكلاتتا خىتاي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداشقا، خوڭكوڭدا مۇستەقىل كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى تەسىس قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇشقا چاقىرىلغان.

دوكلاتتا يەنە خىتاينى ئەمگەك ھوقۇقى، دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتى پىلانىنى بېكىتىش ۋە ئائىلە زوراۋانلىقىغا زەربە بېرىش، ئاياللارنىڭ تۇغۇت مەزگىلىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىنى كۆپەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاقىدار قانۇنلارنى يېڭىلاشقا چاقىرغان.



بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ۋولكېر تۈرك 7-مارت خىتايدىن تەدبىر قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋولكېر تۈرك ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ بۇ قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىبەتلەر ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار قاتارلىق مىللەتلەرنى قوغداشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۇ سۆزىنى خىتايغا قارىتىپ، ب د ت نىڭ نۇرغۇن قاتناشقۇچىلار بىلەن بىر قاتار ئالاقە يوللىرىنى ئېچىپ، رايوندا داۋام قىلىۋاتقان ئوخشىمىغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىشخانىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى، بولۇپمۇ كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىش قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى بايقاپ، بۇ ئەھۋاللارنى ياخشىلاش ئۈچۈن، خىتايغا كونكرېت ھەرىكەتكە ئۆتۈش ھەققىدە مۇھىم تەكلىپلەرنى بەرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ چاقىرىق ۋولكېر تۈركنىڭ ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى بولۇپ سايلانغاندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم جەنۋەدىكى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە سۆزلىگەن نۇتقى ئىكەن.




# خەلقئارا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى بايانات ئېلان قىلىندى

8-مارت خەلقئارا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ رايونىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە، جۈملىدىن قىز-ئاياللارغا قارىتا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرىغا قارشى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى، تۈركىيە IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى ئاياللار بۆلۈمى ۋە خەلقئارا مۇساپىرلار ھوقۇقى جەمئىيىتى بىرلىكتە تەشكىللىدى.

شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە، بولۇپمۇ ئاياللارغا يۈرگۈزۈۋاتقان تېررور سىياسىتىگە قارشى باياناتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتىدا: «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاياللارغا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللار دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئۇ باياندا يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنى، ئىسلام دۇنياسىنى ۋە ب د ت باشلىق خەلقئارالىق ئورگانلارنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى خەلقئارالىق ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە چاقىردى.

ئۇندىن باشقا IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى ئاياللار بۆلۈمىدىن ئائىشە مۇزەييەن تاشچى، خەلقئارا مۇساپىرلار ھوقۇقى جەمئىيىتىدىن زەينەپ ئەرتىكىن، مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى فاتىمە ئەززاھرا مۇھەممەد قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ئېغىر كۈنلەردە بۆلۈنمەسلىككە، تېخىمۇ كۈچلۈك بىرلىشىشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.




## لاگېر شاھىتلىرى خانىملار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنى زىيارەت قىلدى

خەلقئارا ئاياللار كۈنى ۋە ئاياللار تارىخى ئېيى مۇناسىۋىتى بىلەن لاگېر شاھىتلىرىدىن زۇمرەت داۋۇت، تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن ۋە مېھرىگۈل تۇرسۇن، شۇنداقلا بىرلەشمىنىڭ رەئىسى ئەلفىدار ئىلتەبىر خانىمدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت 6-مارتتىن 9-مارتقىچە ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ئايال پارلامېنت ئەزالىرىنى زىيارەت قىلدى.

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت خانىمنىڭ فېيسبۇكتىكى ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئۈچ كۈنلۈك مەزكۇر زىيارىتى جەريانىدا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىدىكى 20 نەچچە پالاتا ئەزاسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەتەندە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ گۇۋاھلىق بەرگەندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندا مۇشۇئاي، مۇشۇكۈنلەردىمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ، مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، ئىچكى ئورگانلىرى سېتىلىۋاتقان، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاھۇ-زارىنى سۆزلەپ، ئۇلاردىن ھەرۋاقىت خىتايغا قارشى ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرۇشنى، خىتايغا قارشى چىقىرىلغان قانۇنلارنى تېزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

زۇمرەت خانىم يەنە لاگېر شاھىتلىرىنىڭ بىر كۈندە سەككىز ئىشخانىغا كىرىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن سۆزلەش جەريانىدا، پالاتا ئەزالىرىنىمۇ يىغلاتقانلىقىنى، قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «بىز پۈتۈن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاۋازىنى، تارتىۋاتقان دەردلىرىنى ئاڭلىتالىدۇق، پۈتۈن ئۇيغۇر ئاياللىرى زۇلۇمدىن قۇتۇلغان كۈنى بىرگە بايرام دېدۇق» دەپ ئۇچۇر ھەمبەھىرلىگەن.




كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئەركىنلىك سارىيى يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئالدىنقى يىللىرى خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇمىنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە جىنايەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئالدىنقى نىشان قىلغانلىقىنى دەلىللىگەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش «يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ئەركىنلىك سارىيى تەشكىللىگەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلغان تەشكىلات رەئىسى مايكېل ئابراموۋىتز خەلقئارادا دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ

چېكىنگەنلىكىنى، بولۇپمۇ بۇ چېكىنىش خىتايدا ئالاھىدە گەۋدىلەنگەنلىكىنى، بۇ چېكىنىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى خىتاينىڭ يۇقۇمنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم، رەھىمسىز باستۇرۇش ۋە ئىرقىي كەمسىتىش قىلمىشلىرىنى كۈچەيتكەنلىكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئەركىنلىك سارىيى دوكلاتتا 195 دۆلەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى «تولۇق ئەركىن، قىسمەن ئەركىن ۋە ئەركىن دۆلەت» دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىپ تەكشۈرگەن بولۇپ، بۇلار ئىچىدە خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ دېموكراتىك قائىدە ۋە قانۇنلارغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. خىتاي دېموكراتىك قائىدە ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن بارلىق دۆلەتلەر ئىچىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئەڭ ناچار ئورۇنغا تىزىلغان.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ئۆزگەرتىش، مەجبۇرىي يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

ئەركىنلىك سارىيى تەييارلىغان 2023-يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بىرى ئادرىيان شاھباز دوكلاتقا ئالاقىدار قىلغان سۆزىدە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ سىناق رايونى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى، بۇ رايوندىكى چېكىدىن ئاشقان باستۇرۇش رەھىمسىز دۆلەت تېررورلۇقىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ بۇ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى قەستەن ۋە مەجبۇرىي ئۆزگەرتكەنلىكىنى، ئاكادېمىكلارنى، دىنىي ئۆلىمالارنى، مەدەنىيەت-سەنئەت خادىملىرىنى تۇتقۇن قىلغاندىن باشقا، قەدىمكى بىناكارلىق ۋە مەدەنىي يادىكارلىق ساھەلىرىدىكى ۋەكىللەرنىمۇ قويماي قولغا ئالغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، دىن، ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى لاگېرلارغا سولاپ، ئەقىدىسى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتلارنى دەلىللىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.



ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقىلىۋاتقان سىنلار خىتاي شىركىتىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق پاش قىلماقتا.

خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىزچىل تۈردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقان بولۇپ، 10-مارت ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان.

تارقالغان سىنىنىڭ بىرىدە خىتاينىڭ ۋېيخەي جىيۇ بېلىقچىلىق سايمانلىرى شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تارمىقىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئەر-ئاياللىنىڭ رەتلىك تۇرغۇزۇلۇپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «دۆلەت شېئىرى»نى خىتايچە ئوقۇشقا مەجبۇرلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئوخشاش ئىش فورمىسى كىيىپ، ئەسكەرچە تىزىلىپ، ناخشا ئېيتىشى قاتتىق تۈزۈمدە باشقۇرۇلۇۋاتقان تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئەسلىتىدىغان بولۇپ، ئېغىر ۋاستىلەر بىلەن كونترول قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

يەنە بىر سىندا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىق قارمىقى ياساۋاتقانلىقى، ئېغىر ۋەزىپە تاپشۇرۇلغاندەك جىددىي مەشغۇلات قىلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر سىندا بولسا قارماقلارنى قاچىلاش سېخلىرى، يەشكىلەرگە قاچىلىنىۋاتقان قارماقلارنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ قان-يېشى بىلەن بويالغان مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلانى كۆرسىتىلگەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، خەلقنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن خىتاي زاۋۇتلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماقتا. خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارىلانغان، تۈرلۈك جازالار، ئېمبارگولار ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى ساختا تەشۋىقاتلىرىنى داۋاملىق كۈچەيتمەكتە.



ئامېرىكا تاموژنىسى «ئۇيغۇر مەجبۇريي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئالاقىدار ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا تاموژنىسى 14-مارت ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2021-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يولغا قويۇلغان «ئۇيغۇر مەجبۇريي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا ئاساسەن، جەمئىي 3237 تۈرلۈك ئىمپورت قىلىنغان مالنى توسۇپ قالغان، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن بۇنىڭ ئىچىدىن 1090 تۈرلۈك مالنىڭ تاموژنىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان، 424 تۈرلۈك مالنىڭ تاموژنىدىن كىرىشى رەت قىلىنغان. نۆۋەتتە 1723 تۈرلۈك مال تەكشۈرۈپ دەلىللەشنى ساقلىماقتىكەن.

«ئۇيغۇر مەجبۇريي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا ئاساسەن، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئورگانلىرى ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرى ۋە ئىمپورت قىلغۇچى شىركەتلەردىن شەرقىي تۈركىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ مەجبۇريي ئەمگەككە چېتىلغان ياكى چېتىلمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق ئىسپات بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئىسپاتلىيالمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشى چەكلىنىدۇ.




يېقىندا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كارىز مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئاشكارىلانغان.

مەزكۇر سىنلاردا نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولغان كارىزلارنىڭ رېئال ئەھۋالى، تىندۇرۇلۇپ يوقاپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان كارىزلار تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كارىزلارنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ كارىز ئەتراپىغا قۇرۇلۇش قىلىش، يەر ئېچىش، كارىز قۇدۇقلىرىنى ئەخلەت بىلەن تىندۇرۇۋېتىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن كارىزنى يوقىتىشقا باشلىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

سىندا ئېيتىلىشىچە، مەھەللىدىكى خەلق كارىزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، توختىھاجىم ئىسمىلىك كىشىنى مەسئۇل قىلىپ، خەلق ئارىسىدا مەبلەغ توپلاپ، قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان قىسمەن كارىزلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

كارىز ئىدىقۇت باغرىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان. ھازىرغىچە قېزىلغان كارىزلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى ئون كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، 200 گە يېقىن قۇدۇقى بار ئىكەن.

كارىزلار ئاساسەن تۇرپان ۋە قومۇل رايونىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇزۇن يىل كارىزچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 2500 يىل بۇرۇن تەكلىماكان بويلىرى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنى ئاساس قىلغان تورلاشقان كارىزلارنى قۇرۇپ چىققان.

ئۆز ۋاقتىدا كارىزلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 5000 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كارىزلار كەم دېگەندە 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن.

مەزكۇر كارىزلار «لەمجىن چوڭ كارىزى، توققۇز ئوغۇل كارىزى، دالان كارىز، دۆڭ كارىز، ئىمىن ئاخۇن كارىزى، ئاچچىق كارىز، دۇتار كارىز» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. 2009-يىلىدىكى تۇرپان كارىزلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇرپان ئويمانلىقىدا بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى تىزىملانغان كارىزلارنىڭ سانى 1237 ئىكەن. شۇنىدىن بۇيان ھەر يىلى تەخمىنەن 20 كارىز قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، نەتىجىدە ھازىرقىدەك ساناقلىق ھالغا چۈشۈپ قالغان. نۆۋەتتە خىتاي رېجىمى كارىزلارنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ئۇرۇنماقتا.




ئەرەب دۇنياسىدىكى تونۇلغان قاناللاردىن بىرى بولغان «ئەلخەبەرۇل ئەن» قانىلى 18-مارت «خىتاي چوڭ تۈرمىسى» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم تارقاتقان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئەرەب دۇنياسىدا يەنە بىر قېتىم كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.

فىلىمدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئەرەب ئەللىرى ئالاقە مۇناسىۋەت مەسئۇلى، ئەرەب-خىتاي

مۇناسىۋىتى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قاتتىق قامال قىلىشى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت تىراگېدىيەسى يىپ ئۇچى قىلىپ باشلانغان.

34 مىنۇتلۇق ھۆججەتلىك فىلىمدا نۆۋەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار ۋە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كۆرۈرمەنلەردە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان.

فىلىمگە قىستۇرۇلغان ژۇرنالىست نىھاد جەرىرىينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدىكى بايانلىرى ھەرقانداق كۆرۈرمەننى تەسىرلەندۈرىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى مەخپىي زىيارەت قىلغان نىھاد جەرىرىي سۆزلىرىدە: «ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا باردىم، لېكىن ئۇ يەرلەردە مەسچىتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سوراش ياكى مەسچىت ھەققىدە سۆز قىلىش قورقۇنچلۇق بىر ئىش ھېسابلىنىدىكەن. شەرقىي تۈركىستاندا مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ھېچكىمنىڭ كاللىسىغا كەلمەيدۇ. مەسچىت ياكى ناماز ئوقۇيدىغان يەرلەرنى سورىغانلار نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇيسىز؟ دېگەن سوئاللارغا دۇچ كېلىدىكەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

ھۆججەتلىك فىلىمدا يەنە لاگېر شاھىتلىرىدىن زۇمرەت داۋۇت، مېھرىگۇل تۇرسۇن ۋە گۈلباھار جېلىلوۋا خانىملار، شۇنداقلا ئۆمەر بېكالى ئەپەندىنىڭ خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقلىرىغىمۇ ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، مەزكۇر فىلىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى كۈنتەرتىپتىن قېلىۋاتقان بىر پەيتتە ئېلان قىلىنغان بولغاچقا، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قايتا كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى، دەپ قارالماقتا.



ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىندىن ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى كۇچاردىكى ئەڭ چوڭ جامەلەردىن بىرى بولغان «كۇچار چوڭ جامەسى»نى ساياھەت ۋە ئاتالمىش مەدەنىيەت ئورنىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن.

مەزكۇر سىندا كۆرسىتىلگىنى ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچار شەھىرىگە جايلاشقان چوڭ جامە بولۇپ، خىتاي يىللاردىن بۇيان تاقاپ قويغان مەزكۇر جامەنى ئاتالمىش مەدەنىيەت ئۆيى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. سىندا خىتاي مۇسۇلمانلارغا، مەسچىت-جامەگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان ھالدا، جامەنىڭ ئىچىدە بىر ئايالنى ئۇسسۇل ئوينىتىپ تۇرۇپ، جامەنى خىتاي مەدەنىيىتىگە باغلاپ تونۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلىلەرنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن پارچىلاپ، خەلقنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماشنى زور كۈچ بىلەن ئىجرا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىپ، ئورنىغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلمەكتە ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم سىمۋوللىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ھويلا-ئارام، مەسچىت-جامەلەرنى چېقىپ ۋەيران قىلماقتا.




خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە ئىجرا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئۆز مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئايرىپ، خىتايلاشتۇرۇپ تەربىيەلەش ئۇرۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى داۋاملىق پاش قىلماقتا.

يېقىندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان بىر سىندا خىتاي ئوقۇتقۇچى يەتتە ياش ئەتراپىدىكى بىر ئۇيغۇر بالىدىن: «سېنىڭ غايەڭ نېمە؟» دەپ سورىغان بولۇپ، نارەسىدە بالا خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئۆگەتكىنى بويىچە: «مەن چوڭ بولغاندا ئازادلىق ئارمىيە ئەسكىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ چېگرا

رايوننى قوغدايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئوقۇتقۇچى يەنە: «ئازادلىق ئارمىيەنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىغان. بالا جاۋابەن: «ئازادلىق ئارمىيە ئەسكىرى ۋەتەننى سۆيىدۇ، ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن قورقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئوقۇتقۇچى يەنە: «سەن چېگرا قوغدىغۇچى ئەسكەر بولۇپ، چېگراغا دۈشمەن ھۇجۇم قىلغاندا قورقماي ئېتىلىپ بارالامسەن؟» دەپ سورىغان. بالا: «قورقماي ئېتىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاخىرىدا خىتاي ئوقۇتقۇچى: «قۇربان بولۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىغان بولۇپ، بالا: «ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى مەن ھەر ۋاقىت ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

مەزكۇر سىن خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئاتا-ئانا ۋە تۇغقانلىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان ۋە ئاتالمىش «ياتاقلىق مەكتەپ» دەپ ئاتىۋالغان بالىلار لاگېرىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مېڭىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە يۇيۇلغانلىقىنى ئېچىپ بەرگەندىن سىرت، خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەرخىل يالغان-ياۋىداقلىرى بىلەن ئالداش بىلەن بىرگە، جازا لاگېرى ياكى تۈرمىلەرگە قاماش، پەرزەنتلىرىنى ئائىلىدىن ئايرىش جىنايىتىنىڭ ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.




ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي قەشقەر قەدىمىي شەھەر رايونىدىكى ئەڭ ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىگە جايلاشقان مەشھۇر «خام بازىرى»نى چېقىپ تۈزلىۋەتكەن.

خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەدرىجىي يوقىتىش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش رەزىل پىلانىغا ئاساسەن، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئەكس

ئەتتۇرۇپ كەلگەن بىنا ۋە قۇرۇلۇشلارنى ئاتالمىش «يېڭى مەھەللە قۇرۇش» نامىدا چېقىپ ۋەيران قىلىپ، خىتاي ئۇسلۇبىدا قايتا قۇرۇشقا ۋە ئاققۇنلىرىنى يەرلەشتۇرۇپ، خىتاي ئاربلاش مەھەللە قۇرۇشقا كۆچەپ كەلمەكتە.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان قەشقەر خام بازىرىدا ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكاندارلىرى جەملەنگەن ۋە بىرمۇ خىتاي دۇكىنى بولمىغان بازار بولۇپ، بازاردا قولدا توقۇلغان تارىخىي بۇيۇملار، قىممەتلىك رەخت ۋە ئەنئەنىۋى پاختا مەھسۇلاتلىرى سېتىلغاندىن باشقا، ئائىلە بۇيۇملىرى، ئاشخانا سايمانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق بارلىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدايدىغان بۇيۇملار سېتىلىدىكەن. بۇ بازار ئۇيغۇر بازار مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان تارىخىي بازارلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ توپلىشىپ ياشاش مۇھىتىنى بىر-بىرلەپ يوقىتىۋاتقان خىتاي رېجىمى قارا قولىنى ئاخىرى بۇ بازارغىمۇ سوزغان.

ئۆتكەن يىلى خىتاي خەۋەرلىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىش ئۈچۈن، 2022-يىلى قەشقەر يېڭى بازارنى مەجبۇرىي چېقىۋەتكەن. ئۇندىن باشقا قەشقەر ۋىلايىتى 2021-يىلى ئاتالمىش «شەھەر-بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش» نامىدا 201 ئولتۇراق رايون، 616 بىنا، 1 مىليون 150 مىڭ 400 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 14 مىڭ 549 ئائىلىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلىرىنى چېقىپ ئۆزگەرتكەن. پىلاننىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى 100% كە يەتكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈتقۇن قىلىش، خىتاي ئۆلكىلىرىگە كۆچۈرۈپ، ئورنىغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلغاندىن باشقا، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بازار، ھويلا-ئاراملارنى چېقىپ، خىتاي ئۇسلۇبىدا سېلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش جىنايەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



خىتاي ۋەكىللىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە پائالىيەتچى زۇمرەتئاي ئەركىننىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئومۇمىي مۇزاكىرە يىغىنىدا سۆز قىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 24-مارتتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، دولقۇن ئەيسا كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سابىق كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت ئۆتكەن يىلى ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرماقچى بولغان. دەل شۇ پەيتتە خىتاي ۋەكىللىرى ئۇنىڭ سۆز قىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، دولقۇن ئەيسا سۆز باشلىغان ھامان يىغىنغا قاتناشقان خىتاي ۋەكىلى نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «دولقۇن ئەيسانىڭ بۇ يەردە سۆزلەش سالاھىيىتى يوق، ئۇ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچى ياكى ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىلى ئەمەس. ئۇ بىر زوراۋان بۆلگۈنچى» دەپ چالۋاقىغان.

خىتاي ۋەكىلى دولقۇن ئەيسانىڭ سۆز قىلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، سۆز قىلغان ئامېرىكا ۋەكىلى سام بىرنباۋ دولقۇن ئەيسانىڭ ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنىدا سۆز قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى تەكىتلىگەن. كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى، چېخنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي ۋەكىلى باش ئەلچى ۋاسلاۋ بالېكمۇ خىتاي ۋەكىلىگە قارشى سۆز قىلىپ، ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ مۇنازىرە يىغىنىدا ئەركىن ھالدا سۆز قىلىش ھوقۇقى بار، دەپ ھۆكۈم قىلغان.

يىغىندا زۇمرەتئاي ئەركىنمۇ خىتاينىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا قارشى سۆز قىلىشى نەتىجىسىدە، خىتاي مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىر ھەيئەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، جۈملىدىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتى ئىسلام دۇنياسىدا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش پىلانى بويىچە، 23-مارتتىن باشلاپ مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىنى باشلىدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز مەھمۇدجان داموللامدىن تەشكىللەندى. ھەيئەت 21-مارت ئىستانبۇلدىن يولغا چىققان بولۇپ، 23-مارتتىن تارتىپ مەسچىتلەردە شەرقىي تۈركىستاننى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىنى رەسمىي باشلىدى.

ھەيئەتنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئالدىنقى سېپىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا كېڭەيتىشنى نىشان قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئىسلام دۇنياسىدىكى ھاكىمىيەت قاتلىمىغىلا ئەمەس، بەلكى ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمانلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى ۋە جامائەتلەرگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 25-مارت مالايشىيانىڭ كولا تىرانجانو ئىشتاتىدىكى زىيارەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 26-مارت ئەتىگەندىن باشلاپ كېلىنتان ئىشتاتىدىكى زىيارىتىنى باشلىدى. زىيارەت داۋامىدا ئالدى بىلەن مالايشىيا كېلىنتان ئىشتاتى پارلامېنت رەئىسى ئابدۇللاھ ياقۇب ئەپەندىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئابدۇللاھ ياقۇب ئەپەندى ئۇلارنى ئىشخانىسىدا كۈتۈۋالدى.

ھەيئەت كۆرۈشۈشتە ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. ئارقىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئاخىردا بۇندىن كېيىنكى ھەمكارلىقنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە كېلىنتان ئىشتاتىنىڭ ھۆكۈمەت باش كاتىپى ئەسرى بىن داۋۇت، شۇنداقلا كېلىنتان ئىشتاتىدىكى مالايشىيا ئىسلام پارتىيەسى ئالىي كېڭەش ئەزاسى، ئىسلام پەلسەپە ئىنستىتۇتى رەئىسى دوكتور جەۋھەر بىن ماتنى، كېلىنتان ئىشتاتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىملار كېڭىشىنىڭ رەئىسى زۇلقەرنەين ئەپەندى قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدى.

ھەيئەت ئارقىدىن يەنە رىبات ئىسلامى بىلىملەر ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلىپ، ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرىغا نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ھەيئەت 27-مارت مالايشىيا ئىسلام پارتىيەسىنىڭ ئەمرى شەيخ ئابدۇلھادىنى زىيارەت قىلدى. شەيخ ئابدۇلھادى ھەيئەتنى پارتىيەنىڭ مەركىزىي ئىشخانىسىدا كۈتۈۋالدى. ھەيئەت شەيخ ئابدۇلھادىغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتى بويىچە ئىجرا قىلىۋاتقان جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاش، مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق قىممەت-قاراشلىرىنى ۋە ئىبادەتلىرىنى چەكلەش، مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى يوقىتىش، مەسچىت چېقىش، قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈش، ئائىلىدە قۇرئان كەرىم ۋە دىنىي كىتاب ساقلىغانلارنى

جازالاش، ئۆلىمالارنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى تەپسىلي تونۇشتۇردى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە كېلىنتان ئىشتاتىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى ئوقۇغۇچىلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنىۋېرستېت ئوقۇغۇچىلىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى، جۈملىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ روزا تۇتۇشىنى چەكلەش، پەرزەنتلىرىنى مەجبۇرىي دىنسىز قىلىپ تەربىيەلەش قاتارلىق ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسەتلىرىنى تەپسىلي تونۇشتۇردى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 28-مارت مالايشىيا پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا مالايشىيا پارلامېنتىنى زىيارەت قىلدى. ھەيئەتنى پارلامېنتتىكى ئىسلام پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى كۈتۈۋالغان بولۇپ، دوستانە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى.

بۇلاردىن سىرت، تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 30-مارت مالايشىيادىكى تەلىم تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەشكىلاتلاردىن بىرى ئىكرامنى زىيارەت قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.




## مالايشىيا ۋەكىلى ب د ت دىن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى

جەنۋەدە داۋاملىشىۋاتقان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 52-نۆۋەتلىك يىغىنىدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى مۇستەقىل دائىمىي كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ كومىسسارى، مالايشىيا يەرشارى تىنچلىق بۆرچى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى پىروفېسسور ئەھمەد ئەزەم ئابدۇراھمان شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە شۇنداقلا ھىندىستان، بىرمىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى بۇ ھەقتە تەدبىر قوللىنىشقا چاقىردى.

مالايشىيا خەلق پوچتا گېزىتىنىڭ 26-مارتتىكى خەۋەرىدە قەيت قىلىنىشىچە، پىروفېسسور ئەھمەد ئەزەم ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 52-قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، بۈگۈنكى دۇنيادا

كەمسىتىشنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، دۇنيا مىقياسىدا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان زوراۋانلىقنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، ب د ت نىڭ بۇ ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىرنىڭ بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلار ۋە روھىنگا مۇسۇلمانلىرىنى ئالاھىدە مىسال كەلتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى بۇ ئەھۋالغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرغان.

پىروفېسسور ئەھمەد ئەزەم يىغىندا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىش قىلمىشىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، نۆۋەتتە ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىسلام دۈشمەنلىكى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارا ھوقۇقۇقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئەڭ ئېغىر رىقابەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىنىڭ 15-مارتنى «خەلقئارا ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈنى» دەپ بېكىتىشىنىڭ توغرا يۆنىلىشتىكى ئىجابىي قەدەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بۇ پىروفېسسور ئەھمەد ئەزەمنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىشى ئەمەس بولۇپ، 2019-يىلى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋەكىللىرى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا زىيارەت تەكلىپىنى رەت قىلىشقا، خىتاينىڭ زىيارەتنى سۇيىئىستېمال قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىككە چاقىرغانىدى.

ئۇ يەنە 2021-يىلى ئۆكتەبىر ئىستانبۇلدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنى زىيارەت قىلغانىدى ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلغانىدى ۋە شۇنداقلا شۇ يىلى نويابىر ئېيىدا دۇنيا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئالاھىدە ئەلچىسى دوكتور دودىك ئارىيانتو بىلەن كۆرۈشۈپ، تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە تەييارلىغان دوكلاتىنى يەتكۈزگەنىدى.



تىك توك شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە رەئىسى 23-مارت ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئېنېرگىيە ۋە سودا كومىتېتى ئەزالىرى تەرىپىدىن بەش سائەتتىن ئارتۇق «سوراققا تارتىلدى».

ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن قىيىن سوئاللارغا دۇچ كەلگەن جۇ شوۋزى جىددىيلەشكەن كەيپىياتتا سوئاللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشقان. پالاتا ئەزالىرى شىركەت بىلەن ئۇنىڭ ئانا شىركىتى ByteDance بىلەن خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ سوئال سورىغان بولسىمۇ، ئۇ شىركەتنىڭ خىتاي رېجىمى بىلەن باغلىنىشىنى كىچىكلىتىشكە ئۇرۇنۇپ، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان.

ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا ئارىزونا كېڭەش پالاتا ئەزاسى لېسكو خانىم جۇ شوۋزىدىن ئېنىق قىلىپ تۆت قېتىم: «خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى قوبۇل قىلامسىز؟» دەپ سورىغان بولۇپ، ئۇ جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشقان. لېسكو خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، جاۋابنى باشقا ياققا بۇرىماسلىقنى، سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇ يەنىلا جاۋاب بېرىشتىن قېچىپ: «مەن تىك توك توغرىسىدا سۆزلەشكىلى كەلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

پارلامېنت ئەزالىرى ئارقا-ئارقىدىن قىلغان سۆزلىرىدە تىك توكنىڭ ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشى، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى قوبۇل قىلىشقا ھەرگىز ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كونترول قىلىش، تېخىمۇ كۆپ نازارەت قىلىش يولىنى تاللىغانلىقىنى ۋە ئۇنى دەرھال چەكلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

نەق مەيداندىن تارقىتىلغان ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغاپ، خىتاي رېجىمىنىڭ خىتاي شىركەتلىرى ۋە كارخانىچىلىرىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلەپ ئىنكاسلار يېزىلغان. مەلۇم بولۇشىچە، خىتايدىكى قاناللار بۇ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى جەريانىدا ئۇيغۇرلار توغرىلىق سوئال سورالغاندا پىروگراممىنى كېسىپ تاشلىغان.



ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە مەركەزلەشتى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئامېرىكا-خىتاي ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتتى مەخسۇس كومىتېتى 23-مارت ئىككىنچى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاچقان. ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى كەچ سائەت يەتتىدە باشلانغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە مەركەزلەشكەن.

ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشقان گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى گۇلباھار خاتىۋاجى خانىم بولۇپ، 2016-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرىغا نەزەربەند قىلىنىپ، 2020-يىلى يازدا قۇتۇلۇپ چىققانىدى. ئۇ يىغىندا جازا لاگېرىدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق ۋەھشىيلىكلەر، مەھبۇسلارغا ئىجرا قىلىنىدىغان قىيىن-قىستاقلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن. يەنە بىر گۇۋاھچى ئىلگىرى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرىدا خىتاي تەرىپىدىن مەجبۇرىي خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن قەلبىنۇر سىدىق خانىم بولۇپ، ئۇ دىنىي ئۆلىمالار، پىروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەر ۋە چەت ئەلدىكى ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاگېرلارغا سولىنىپ، پۇت-قولى كىشەنلەنگەن ھالدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقى، قىز-ئاياللارنىڭ قاتتىق قىيىن-قىستاق ۋە باسقۇنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن. ئۇندىن باشقا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا ئۇيغۇر ئادۋوكات ۋە ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى رەئىسى نۇرى تۈركەل ئەپەندى ۋە گېرمانىيەلىك شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تەتقىقاتچىسى ئادرىيان زېنز ئەپەندىمۇ خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا يەنە سىمون-سكيود مەركىزىنىڭ مۇدىرى نائومى كىكولېر خانىم سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن قىلىنىشقا تېگىشلىك كونكرېت تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن قىلغان خۇلاسە سۆزىنى: «يەھۇدىي چوڭ قىرغىنچىلىق مۇزېيىنى زىيارەت قىلغاندا، كىشىلەر ھەمىشە ئۆز-ئۆزىدىن: ئەگەر چوڭ قىرغىنچىلىق مەزگىلىدە ھايات بولغان بولسام، مەن نېمە قىلغان بولاتتىم؟ دەپ سورايدۇ. بۈگۈن بىز ئۆزىمىزدىن: ھازىر مەن خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ دەپ سوراپ باقايلى. بۇ بىزنىڭ «ھەرگىز قايتىلانمايدۇ» دەيدىغان ۋاقتىمىزدۇر» دەپ ئاخىرلاشتۇرغان.

ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماش، ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، باللارنى ئائىلىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، خىتاي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى ھەققىدە ئۈچ سائەتكە يېقىن ئىسپات ئېلىنغان.



# خىتاينىڭ يەنە بەش شىركىتى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى

ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىلغان خىتاينىڭ يەنە بەش شىركىتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى ئېكسپورت كونترول قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بەش خىتاي شىركىتىنى جازالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەدبىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن خىتاي شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيەسىدە قۇرۇلغان خەيشى دىڭشىن ئېلېكترونلۇق تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، قارىقاشتىكى خەيشى ئېلېكترون تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، گۇما ناھىيەسىدىكى خەيشى يۈڭئەن ئېلېكترونلۇق تېخنىكا شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەيشى شىنەن ئېلېكترون تېخنىكا شىركىتى، كېرىيە ناھىيەسىدە قۇرۇلغان مېيتيەن ئېلېكترونلۇق تېخنىكا چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلار ئىكەن.

كارخانا سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تەكشۈرگۈچى ئورگىنىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا تىزىمغا ئېلىنغان مەزكۇر بەش شىركەتنىڭ ھەممىسى خاڭجۇ خەيكاڭ ۋېيشى رەقەملىك تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ تارماق شىركەتلىرى بولۇپ، خاڭجۇ خەيكاڭ ۋېيشى خىتاي كومپارتىيەسى ئىگىلىكىدىكى شىركەت بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆزىتىش كامېرالىرىنى مەزكۇر شىركەت تەمىنلىگەن.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان جازالاش تىزىملىكى ھەققىدىكى باياناتتا: «مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان باستۇرۇش، كەڭ-كۆلەمدە خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ھەرىكىتىدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىلدى» دېيىلگەن.

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقىقىي خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقىي يالغان ئۈچۈرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ي. قۇرۇم** |
| كارىكاتۇر | **رادۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@istiqlalmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com    www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15    +90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**



**DOĞU TÜRKİSTAN**
**BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**
**شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى**